# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 （维吾尔文）

(بۇ سان ئالتە بەت)

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65——0002 / Z

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى(ۋەكالەت نومۇرى: 1—57)

1997 - يىل

مارت

21

جۈمە


**ھاۋارايىدىن مەلۇمات:**
ئۈرۈمچىدە كۈندۈزى ۋە كېچىسى ھاۋا بۇلۇتلۇق كېيىن ئوچۇق بولىدۇ، تېمپېراتۇرا 2°C — 10°C بولىدۇ، ئۈچ بال شامال چىقىدۇ.

مۇھىم خەۋەرلەر

## ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى خىمىيۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى سىناق قىلىش باسقۇچىغا كىردى

ئۆز مۇخبىرىمىز ليۇ فېڭ خەۋەر قىلىدۇ: 3-ئاينىڭ 13-كۈنى سائەت 23 تىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى 2-خىمىيۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلمىلىرىنى كونترول قىلىش ئۈسكۈنىسى - گاز تۇرۇبىسىنىڭ ھەيدىگۈچى قۇرۇلمىسىنى سىناق قىلىش بىر قېتىمدىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ، بۇ يىل 6-ئايدا ئومۇميۈزلۈك پۈتتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى.

ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى 2- خىمىيۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى دۆلەتنىڭ 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى. بۇنى ئاپتونوم رايون بىلەن جۇڭگو نېفىت - خىمىيە سانائىتى باش شىركىتى بىرلىكتە مەبلەغ سېلىپ قۇرغان. بۇ قۇرۇلۇش 1994-يىلى 12-ئايدا باشلانغان. تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكى بۇ زاۋۇتنى بۇ يىل 3-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن باشلاپ 300 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تۇرۇبا ئارقىلىق تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنلەشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ زاۋۇت ئومۇميۈزلۈك سىناق قىلىش باسقۇچىغا كىردى. بۇ قۇرۇلۇش پۈتسە، ئۈرۈمچى نېفىت- خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتىنىڭ ئىككى يۈرۈش خىمىيۋى ئوغۇت قۇرۇلمىسى يىلىغا 600 مىڭ توننا بىرىكمە ئامىياك، 1 مىليون 40 مىڭ توننا ئۇرېيە ئىشلەپ چىقىرىدۇ ۋە مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئامىياك ئوغۇتى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ قالىدۇ.

2-خىمىيۋى ئوغۇت زاۋۇتى قۇرۇلۇشى شىنجاڭنىڭ يېرىك يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان مۇھىم قۇرۇلۇش بولغاچقا، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون يۇكسەك ئەھمىيەت بەردى.

ھازىر زاۋۇت بويىچە ھەممەيلەن پۈتۈن كۈچ بىلەن 100 كۈن قاتتىق ئىشلەپ، 2-خىمىيۋى «ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ سىناق قىلىنىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا تىرىشماقتا.



قۇمۇل تۆمۈريول شۆبە ئىدارىسى قۇمۇل پويىز ئىستانسىسىنىڭ يۈك مەيدانىدىكىلەر ئىشخانىدىن سىرتقا چىقىپ مال مەنبەسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، يۈك ئىگىلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.
نيۇ پىرۇڭ فوتوسى

## يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش — مەھسۇلاتنى، كىرىمنى ئاشۇرۇشتىكى بىرىنچى مۇھىم ئامىل

ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئوبزورچىمىز كې شىنىوڭ

بۇ يىلنىڭ بېشىدا مەركەز ئاچقان يېزا خىزمىتى يىغىنىدا مۇنۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى: بۇ يىلنى يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش يىلى قىلىپ، يېزىلاردا پەننى ئۆگىنىش، پەنگە ئەھمىيەت بېرىش، پەننى ئىشلىتىش دولقۇنى قوزغاپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىشنى يېزا ئىگىلىكىدە ھوسۇلنى ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ئاملى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، ئىلغار، پىشقان تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش كۆلىمىنى تىرىشىپ كېڭەيتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پەن، مائارىپقا تايىنىپ يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىدە ھوسۇلنى ئاشۇرۇش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا 1- مۇھىم ئامىل بولغان پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. بۇ جەھەتتە ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتۇش كېرەك:

**— ئۆز جايىنىڭ يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشقا دائىر تىپىك تەجرىبىلىرىنى ياخشى يەكۈنلەپ، پەن-تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك.** بۇ يېزا ئىگىلىكىگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ھەر دەرىجىلىك يولداشلارنىڭ پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىدىكى ئاساسىي ھالقا.

**— ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار ۋە ئاممىنى پەن-تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش كېرەك.** يېزىلاردا ئەمگەكچىلەرنىڭ مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا ساپاسى تۆۋەن. بۇ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى ئاساسلىق توسالغۇ. بۇنى ھەل قىلىشنىڭ يولى مائارىپنى كۈچەيتىش ۋە پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش، تەربىيىلەشنى كۈچەيتىشتە. ئاپتونوم رايون يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر يىلى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشقان ئاشلىق، پاختىدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيىلىدى، يەنە «قىشلىق پەن-تېخنىكا» پائالىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلار ۋە ئاممىنى تەربىيىلىدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پەن-تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى تۇتقاندا، چىقىم ئاز، ئۈنۈم زور بولىدۇ. ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك پەن - تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئاشلىق، پاختىدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنى دەۋر قىلغان ئۇنىۋېرسال يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن تېخنىكا ئارقىلىق تەربىيىلەش بولىدۇ.

**— ئومۇمىيەتنى ئىگىلەپ، مۇھىم نۇقتىنى بېكىتىپ، پىشقان تېخنىكىنى رەتكە تۇرغۇزۇش، كېڭەيتىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك.** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھازىرقى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش تەسەۋۋۇرى ۋە مۇھىم نۇقتىسى مۇنداق: ئاشلىق، كېۋەزدىن يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش ۋە بازا قۇرۇلۇشىنى ئاساس قىلىپ، تونىلىق ئاشلىق ئېتىزى بەرپا قىلىش، 100 كىلوگرام ساپ پاختا ئېلىش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش، «ئۇرۇقلۇق قۇرۇلۇشى»نى ياخشى تۇتۇپ، سورتلۇق ئۇرۇقلۇقنى ئومۇملاشتۇرۇش سالمىقىنى زورايتىش.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## شىمالىي شىنجاڭدا كەلگۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى

ئۆز مۇخبىرىمىز ۋاڭ دېڭ خەۋەر قىلىدۇ: 3-ئاينىڭ 5-كۈنى ئاپتونوم رايون شىمالىي شىنجاڭ بويىچە ئەتىيازلىق كەلگۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، شىمالىي شىنجاڭدا كەلگۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

يىغىندا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ خېڭ قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ھازىر شىمالىي شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار ۋە سۇچىلىق تارماقلىرى كەلگۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشنى مۇھىم ئىش سۈپىتىدە تۇتۇپ، تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇشتۇمتۇت يۈز بېرىدىغان ۋەقەگە تاقابىل تۇرۇشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇشى

## تۇرپان شەھىرى ئېتىبار بېرىش بىلەن يېتەكلەشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، دېھقانچىلىق رايون چارۋىچىلىقىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى

شەھەردە ئىشلەپ چىقىرىلغان گۆش مىقدارى 10 ... قىلدۇرغاندا بۇ ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىنى

ئېدىقۇت باغ ...

## ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىقى جېڭىنى ياخشى قىلايلى

ئاپتونوم رايونىمىزدا 10 مىڭغا يېقىن يېزا ئىگىلىك كادىرى ۋە




## باھاردا

**ئابدۇللا ياقۇپ**

ئالتۇن قۇياش نۇرىغا چۆمدى ھەرياق باھاردا،
كىردى يۇرتۇم ھۆسنىگە رەڭدار سىياق باھاردا.

يېشىل چىمەن دالىدا ئويىنىشىدۇ بالىلار،
جۇشقۇن ھايات ھەممىگە ئاچتى قۇچاق باھاردا.

باقساڭ كۆجۈم باغلارغا، بىرەر ھۇزۇر جانلارغا،
گۈل - چېچەكلەر تاراتتى خۇش بۇي پۇراق باھاردا.

چۆمۈپ باھار پەيزىگە، تاغنى سىلىپ لەرزىگە،
كۆيچى قۇشلار سايرىشىپ قاتتى قوشاق باھاردا.

ئاۋات ھويلا - ئاراملار، ياراشقان تال - باراڭلار،
زەر بۆشۈكتە ۋىلىقلاپ كۈلدى بوۋاق باھاردا.

گۈزەللىكتىن زوقلاندىم، بۆلەكچىلا روھلاندىم،
بولدى قايناق ھېسلىرىم فونتان، بۇلاق باھاردا.

## باھار ھەققىدە غەزەل

**ئابلىمىت قۇربان ساباھى**

زوق بېغىشلاپ پارچە دىلنى يايرىتىپ كەلدى باھار،
ئاپتىپىدىن يەر - جاھاننى ئىللىتىپ كەلدى باھار.

ئېرىتىپ ئاق قار ۋە كۆك مۇزنى ھارارەت تەپتىدىن،
ئاۋۇتۇپ ئەگىز سۈيىنى يامرىتىپ كەلدى باھار.

دەل - دەرەخنى مېھرىدە غۇچچىدە بىخلاندۇرۇپ،
ناتىۋان - يۇمران كۆچەتنى ئايىنتىپ كەلدى باھار.

باغدىكى ئالما - ئۆرۈكنى ھۆپپىدە چېچەكلىتىپ،
ئىشقىدا بۇلبۇلنى چاك - چاك سايرىتىپ كەلدى باھار.

كۆز ئېچىپ تۆلكە قوشۇلغان قوزا، تاي، ئوغلاقلىنى،
ياپيېشىل يايلاق - چىمەندە يايلىتىپ كەلدى باھار.

ئېھ، شۇدەم ھەربىر كۆڭۈلدە ئۆزگىچە ئىستەك - نىشان،
شان - زەپەر سازىنى لەرزان ياڭرىتىپ كەلدى باھار.

## باھار پېچىرلايدۇ بەخت ھەققىدە

**تۇرغۇنجان تۇرسۇن**

بۇدەم كائىناتتا باھار جىلۋىسى،
ئۈمۈر بەتلىرىدىمۇ كۆز قىسار باھار.
پەسىللەر تۆرىدىكى بۇ گۈزەل مېھمان،
مېھرىدىن دىللارغا ئىللىقلىق چاچار.

پىچىرلار ئۇ يەنە تاتلىق تىلىدا،
ئەلنىڭ قۇلىقىغا بەخت ھەققىدە.
«ئاتلانغىن سەپەرگە، گۈللەت تۇپراقنى،
بار بېھىش تىلسىمى ئۇنىڭ تەكتىدە.»

پىچىرلار ئۇ يەنە ماڭا يېقىملىق:
«پەرۋاز ئەيلىگىن سەن قۇياشقا قاراپ.
ۋىسال قۇچقۇچۇڭدا ئالتۇن دەملەر بۇ،
كەتكىن نۇر بولۇپ تاڭلارغا تاراپ.»

بۇلاق شوخ كۈلىدۇ، باھار سۆزلەيدۇ،
قۇش شېئىر شاھىغا بېرىدۇ ساىراپ.
باھار پىچىرلايدۇ بەخت ھەققىدە،
پۈتكۈل ئەل ئاتلىنىدۇ بەختكە قاراپ.

## كەلدى نورۇز

**ئابدۇرېھىم زۇنۇن**

بېقىپ ئىللىق كۈلۈپ كەلدىڭ ئەجەپ ئۆز يىل بېشى - نورۇز،
ئېرىپ قار - مۇز كېتىپ بۇدەم تەبىئەتنىڭ قىشى، نورۇز.

سېنىڭ مېھرىڭدە ئىللىدى زېمىن ھەمدە ياساندى ئۆز،
بۇنىڭ تىمسالى تاللارنىڭ چىرايلىق ياشنىشى، نورۇز.

قۇچاق ئاچتى سېنى قۇتلاپ چېچەكلەر يەلپۈنۈپ باغدا،
چۆمۈپ شادلىققا كۈي قاتتى جاھاننىڭ بار قۇشى، نورۇز.

بۈگۈن ئۆي - ئۆيدە توي - مەشرەپ ناۋالار ئەۋجىگە چىقتى،
ئېتىلدى ھۆرمىتىڭگە داش قازانلارنىڭ ئېشى، نورۇز.

كۆڭۈللەر شادلىقى دەريا كەبى تاشقىن ياساپ ئاقتى،
ساڭا ياغدى يۈرەكلەرنىڭ خۇشاللىق، ئالقىشى، نورۇز.

## نورۇز لىرىكىسى

**ئايبېك ئۆمەر**

ئويغاندى گۈللەرگە مەپتۇن بۇ تىلەك،
كەلگەندە باھارنىڭ تىۋىشى يېتىپ.
ئېرىدى قار - مۇزلار، ئېرىدى توڭلار،
كۆكلەمنىڭ نۇرانە مېھرىگە قېنىپ.

ئالەمگە يېشىللىق يايماقتا قانات،
نۇرانە بىر دۇنيا ئاچماقتا قۇچاق.
ئېچىلدى شاخلاردا چېچەك ھۆپپىدە،
ئېپ كېلەر باغلاردىن شامال خۇش پۇراق.

ياپيېشىل گىياھلار قورغار دىلدا زوق،
قۇياشقا تۇرغاندەك يېقىن، بەك يېقىن.
ئاقىدۇ خىلۋەتتە بولدۇقلاپ بۇلاق،
ئۇ سادىدا بىغۇبار سۆزلىرى شېرىن.

بۇ كۆكلەم شۇ قەدەر يېڭى، ئۆزگىچە،
قىلدى ھەم ئاپئاق قۇت دىللارنى تۇتاش.
شوخ ئەگىز سىردىشىم، ناخشىسى ياڭراق،
تۇغۇلدى ھەر ئىنسان بولۇپ بىر قۇياش!



باھار زىننىتى كېرەم مۇسا فوتوسى

## باھار سۈرەتلىرى

**ئىلھامجان ئابلىز**

باھاردىكى سۈرەتلەر قىلدى شەيدا شۇقەدەر،
قاتار كېلەر سەپ تۈزۈپ دىلدا ھېسلار كارۋىنى.
سۆيدى باھار مەڭزىمگە شۇنداق تاتلىق ئەركىلەپ،
سىڭىپ كەتتىم باغرىغا قانماي يۈرەك ئارمىنى...

شۇۋىرلايدۇ تۇيغۇلار تىۋىشىدەك بەختنىڭ،
نازاكىتى باھارنىڭ چېچەكلىسە جىلمىيىپ.
سەلدەك ئاقتى باغرىمغا باھاردىكى سۈرەتلەر،
چاقناپ كەتتىم باھاردەك بولۇپ شۇدەم خۇش كەيىپ...

• •

باھار دېگەن گۈزەللىك، باھار دېگەن ھاياتلىق،
ئەلمساقتىن ئەتىگە ئېقىۋاتقان بىر دەريا.
باھار دېگەن بالىغا ئانىلارنىڭ قۇچىقى،
ئانىلارنىڭ كۆزىدىن بالقىۋاتقان نۇر گويا.

باھار دېگەن ئانىدۇر، باغرى ئۇنىڭ بىر جەننەت،
گۈلگۈن دالا ئەسلىدىن ئانىلاردىن رەڭ ئالغان.
باھار دېگەن ئاتىدۇر، سەلتەنىتى زېمىننىڭ،
سېخىيلىقى، سۈباتى تەبىئەتكە قېپقالغان.

باھار دېگەن باللىق، شوخلۇقلىرى بىھىساب،
ئېرىقتىكى سۇلارمۇ ئەركىلىمەي ئاقمايدۇ.

سەلكىن شامال چېچەكنى غىدىقلايدۇ مېھرىدىن،
ئەللەيلىنىپ مايسىلار نۇر قويىندا چاقنايدۇ.

باھار دېگەن ياشلىقتۇر، ئارمان دېگەن يۇلتۇزى،
ھەر چاقنىشى بىر ھېكمەت، ھەر چاقنىشى مۆجىزە.
باھاردىكى سۈرەتلەر ياشلىقتىكى يار ئىشقى،
شۇڭا ياشلىق باھارنىڭ سەھىرىگە ئەندىزە.

ئېرىقلاردا ئاققىنى ئەگىز ئەمەس مۇھەببەت،
قېنىپ ئىچسەڭ ئۇچۇملاپ دىلىڭ سەگىپ يايرايدۇ.
باھار دېگەن يۈرەكتە تاشقىنلىغان لىرىكا،
ھەر مىسراسى تەخىرسىز تومۇرلارغا تارايدۇ.

باھار دېگەن تەبەسسۇم، باھار دېگەن پەرىشتە،
باھار دېگەن مۇھەببەت ۋۇجۇدلاردىن يامرىغان.
ئىزدەر كۆڭۈل سۆيۈشنى قىلىپ يەنە ئىنتىزار،
باھار دېگەن گۈزەل كۈي ئاڭلاپ يۈرەك قانمىغان.

• •

شىۋىرلايدۇ تۇيغۇلار تىۋىشىدەك بەختنىڭ،
چېچەكلىسە باھارنىڭ نازاكىتى جىلمىيىپ.
باھاردىكى سۈرەتلەر گۈلخان قىلدى تېنىمنى،
چاقناپ كەتتىم باھاردەك بولۇپ شۇدەم خۇش كەيىپ...



يېشىل بوستان ئابلىز ئابدۇللا فوتوسى

## ب د ت نى ئىسلاھ قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالدى، لېكىن ئىسلاھ قىلىش ئاسان ئەمەس

مۇلاھىزە

51 - نۆۋەتلىك ب د ت يىغىنى بولتۇر كۈزدە ئېچىلغاندىن بۇيان، ھەرقايسى دۆلەت ۋەكىللىرى يىغىندا ۋە كومىتېتلار يىغىنلىرىدا سۆزگە چىققاندا ب د ت دىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى يېڭى ۋەزىيەتكە لايىقلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتى.

بىرىنچى، ب د ت يىغىنىنىڭ رولىنى ۋە نوپۇزىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى ئومۇمىيۈزلۈك مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: ب د ت يىغىنى - ھەرقايسى ئەل ۋەكىللىرى كەڭ - كۇشادە پىكىر بايان قىلىدىغان مۇنبەر، ئۇ ئومۇمىيۈزلۈك خاراكتېرگە ۋە دېموكراتىيە خاراكتېرگە ئىگە. بۇ يەردە دۆلەتلەر چوڭ - كىچىك، كۈچلۈك - ئاجىز، باي - نامرات بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى بىردەك باراۋەر، دېگەن پرىنسىپ ئەڭ ياخشى گەۋدىلەنگەن. بۇ يەر تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر خەلقئارا پائالىيەتلەرگە تولۇق قاتنىشىدىغان سەھنە. شۇڭا ئۇ مۇنازىرىلىشىدىغان، يەكۈن چىقىرىلمايدىغان سورۇن بولماسلىقى، تېخىمۇ كۆپ پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىغا، تەدبىر بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

ئىككىنچى، خەۋپسىزلىك كېڭىشىنى كېڭەيتىش ئۇنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىنى كۈچەيتىش مەسىلىسى. بۇ نۆۋەتلىك ب د ت يىغىنىدا تۆت قېتىم ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزۈلۈپ، خەۋپسىزلىك كېڭىشىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىندى، كۆپ سانلىق دۆلەتلەر خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە ئەزا دۆلەتلەرنى كۆپەيتىشكە قوشۇلدى ھەم ئالتىدىن ئونغىچە ئەزا دۆلەتنى كۆپەيتىشكە مايىل بولدى، ئادىل رايون تەقسىماتى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ،تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرىنى كۆپەيتىشنى تەكىتلىدى. لېكىن، خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە دائىمىي ئەزا دۆلەتلەرنى كۆپەيتىش، كۆپەيتمەسلىك مەسىلىسىدە پىكىر ئىختىلاپلىرى ئېغىر بولدى. ئامېرىكا ۋەكىلى ياپونىيە بىلەن گېرمانىيىنى خەۋپسىزلىك كېڭىشىگە دائىمىي ئەزا دۆلەت قىلىپقوشۇشنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلدى. لېكىن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ۋە بىر قىسىم غەرب دۆلەتلىرى: ھازىرقى دائىمىي ئەزا دۆلەتلەر ئىچىدە تۆت دۆلەت تەرەققىي تاپقان دۆلەت بولۇپ، ئۈچى ياۋروپاغا مەنسۇپ، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىن دائىمىي ئەزا دۆلەت يوق، خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ ئىسلاھاتى بۇنداق تەكشى بولماسلىقنى يەنە كېڭەيتىۋەتمەسلىكى، ۋەكىللىك خاراكتېرىنى تەڭپۇڭسىز قىلىپ قويماسلىقى كېرەك، دېيىشتى.

ئۈچىنچى ، ئاپپاراتلارنى ئىسلاھ قىلىش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى ب د ت نىڭ سىستېمىسى كېلەڭسىز، مۇرەككەپ بولۇش مەسىلىسى، قارالمىلار تەكرار بولۇش، ئۈنۈمى يۇقىرى بولماسلىقتەك نۇقسانلار ھەقىقەتەن مەۋجۇت. لېكىن، ھازىرقى ئاپپارات ئىسلاھاتى داۋامىدا ئادەمنى ئەنسىرەتىدىغان بەزى ئەھۋاللار ئوتتۇرىغا چىقتى: ئايرىم غەرب دۆلەتلىرى تىنچلىق ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تەرەققىياتقا سەل قاراش تەسەۋۋۇرىدا يەنىلا چىڭ تۇرۇپ، تىنچلىق ساقلاش، كىشىلىك ھوقۇق، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى مەنئى قىلىش، دۆلەت ھالقىغان جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىش، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدىغان ئاپپارات ۋە تۈرلەرنى كۈچەيتىشنى، سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش، سودىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىقتىسادىي ياردەم ۋە نامراتلىقنى تۈگىتىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدىغان ئاپپارات ۋە تۈرلەرنى قوشۇۋېتىش ياكى ئاجىزلاشتۇرۇشنى، ھەتتا ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: ئومۇمىيۈزلۈك باھالاپ تەكشۈرۈش بولمىغان ئەھۋالدا ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ساھەسىدىكى ئىسلاھاتقا ئالدىراپ كەتمەسلىك، قارىغۇلارچە ئەگەشمەسلىك كېرەك. مەلۇم بىر خىل لايىھىنى ئۆز خاھىشى بويىچە مەجبۇرىي يولغا قويۇش تېخىمۇ يارىمايدۇ؛ ب د ت نىڭ ئاپپاراتلىرى ب د ت «نىزامنامىسى» ، ب د ت نىڭ ئالاقىدار قارارلىرى ۋە نەچچە قېتىملىق دۇنيا باشلىقلار يىغىنلىرى بەلگىلىگەن نىشان، ۋەزىپىلەرنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچىنى بەلگىلىشى كېرەك؛ ئاپپارات ئىسلاھاتىدا ئىقتىدارنى ئاشۇرۇش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش، ۋەزىپىنى ئورۇنداشنى نىشان قىلىش كېرەك.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنى ئومۇملاشتۇرغاندا، ب د ت دا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇنى ھەقىقىي ئەمەلىي يولغا قويۇشقا ۋاقىت كېتىدۇ.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى

غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكى

## كىچىك دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتى يۇقىرى بولدى

دۇنيا ئىقتىسادى

1996 - يىلى غەربتىكى كۆپ سانلىق تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى ئوخشاش بولمىغان ھەجىمدە ئاشتى، ئىرېلاندىيە، ئىسلاندىيە ۋە نورۋېگىيە ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتى چوڭ دۆلەتلەرنىڭكىدىن يۇقىرى بولدى.

ئەنگلىيە «ئىقتىسادشۇناس» ھەپتىلىك ژۇرنىلىنىڭ ئەڭ يېڭى سانىدا مۇنۇلار خەۋەر قىلىندى: ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتىنىڭ مۆلچەرىگە قارىغاندا، بولتۇر ئىرېلاندىيىنىڭ ئىچكى ئىشلەپ چىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى % 7 ئېشىپ، غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭكىدىن ئۇدا ئۈچ يىل يۇقىرى بولغان. ئىرېلاندىيە بىلەن نورۋېگىيە ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتى % 5 تىن ئېشىپ % 5.4 ۋە % 5.1 بولغان. غەربتىكى يەتتە چوڭ دۆلەت ئىچىدە ياپونىيىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ئالتە دۆلەتنىڭ بولتۇرقى ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتى ئومۇمەن % 3 تىن تۆۋەن بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە گېرمانىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە ۋە كانادانىڭ ئېشىش نىسبىتى % 2 كىمۇ يەتمىگەن.

ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات تەشكىلاتىنىڭ مۆلچەرىگە قارىغاندا، 1997- يىلى بۇ تەشكىلاتقا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى % 2.4 بولۇپ، 1996 - يىلدىكى سەۋىيە بىلەن تەڭلەشكەن، ئىرېلاندىيىنىڭ ئېشىش نىسبىتى % 6.2 كە چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن باشقا دۆلەتلەرنىڭكىدىن يۇقىرى بولغان، شۋېتسارىيە بولتۇر ئاشۇ دۆلەتلەر ئىچىدە ئىقتىسادى ئاشمىغان بىردىنبىر دۆلەت بولۇپ، بۇ يىل ئاشىدىكەن. لېكىن ئېشىش نىسبىتى ئاران % 0.8 بولۇپ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرىدىكەن. بۇ يىل يەتتە چوڭ دۆلەت ئىچىدە ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتى بولتۇرقىدىن ئازراق تۆۋەنلەيدىكەن، باشقا بەش دۆلەتتە ئېشىش نىسبىتى بولتۇرقىدىن يۇقىرى بولىدىكەن.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى



مۇشۇ ئاينىڭ 10- كۈنى ئىسرائىلىيە ھەربىي، ساقچىلىرى بىلەن ئىسرائىلىيىنىڭ ئىئوردان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا داۋاملىق يەھۇدىيلار مەھەللىسى قۇرۇشىنى توسۇشقا ئۇرۇنغان پەلەستىن ياشلىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەردى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى

## ئاسىيا- تىنچ ئوكيان ئىقتىسادىي ھەمكارلىق تەشكىلاتى

كەلدى. دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن سىئاتىل، ماۋۋۇ، دابەن، سۇبىكتا ئېچىلغان باشلىقلار يىغىنلىرىغا

## كورىيە ئىسراپچىلىقنى ئازايتىش ئۈچۈن غىزا مەدەنىيىتىنى

# يەر تەۋرەپ ئاممىغا كەلگەندە ئاپەت
# ياغدى ھەريانىدىن ئۇلارغا شەپقەت

## ــــ ھەربىيلەر بىلەن خەلقنىڭ پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان خەلققە ياردەم بەرگەنلىكى، پەيزاۋات خەلقىنىڭ يۇرت - ماكانىنى قايتا قۇرغانلىقىغا دائىر كۆرۈنۈشلەر





↑ مەكتەپلەرنىڭ چېدىر سىنىپلىرىدا باشقا جايلاردىكى مەكتەپلەرگە ئوخشاش 2- ئاينىڭ 24- كۈنى دەرس باشلاندى.

↑ قوراللىق ساقچى قىسىم كوماندىر- جەڭچىلىرى ئىئانە قىلىنغان نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بەرمەكتە.

↑ يىگمەھەللە يېزىسى شىمالىي يېڭى ئاۋات كەنتىدىكى كومپارتىيە ئەزاسى ئەزىز ئىبراھىم يەر تەۋرىگەن ۋاقىتتا قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىكى بەش كىشىنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى، شۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت ئۆزىگە تەقسىم قىلىپ بەرگەن چېدىرنى كەنتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆتۈنۈپ بەردى.



بۇلتۇر 19- مارت 6.9 بال يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئۇچرىغان پەيزاۋات خەلقىنىڭ كۆز يېشى قۇرۇماي تۇرۇپ، بۇ يىل 21- يانۋاردىن 1- مارتقىچە يەنە 6.4 بال ۋە ئالتە بال يەر تەۋرەپ «بالا كەلسە قوش كەپتۇ» دېگەندەك ئىش بولدى. 10- مارتقىچە 11 قېتىم بەش بالدىن يۇقىرى، ئۈچ قېتىم ئالتە بالدىن يۇقىرى يەر تەۋرىدى. ھازىر ناھىيە بويىچە 15 مىڭ ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆي ئۆرۈلۈپ كەتتى، 35 مىڭغا يېقىن ئائىلىدىكى 85 مىڭغا يېقىن ئادەم چېدىر، كەپىلەردە ياشىماقتا. ئىقتىسادىي زىيان 500 مىليون يۈەنگە يەتتى.

يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرگەندىن كېيىن مەركەز، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە قوشنا ناھىيىلەر، شەھەرلەر، يەككە تىجارەتچىلەر ۋە ھەر ساھە ئاممىسى ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ياردەم قولىنى سۇندى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم، دوختۇرخانىلار دەرھال 1500 دىن ئارتۇق كوماندىر- جەڭچى، دوختۇر - سېستىرانى





ئاتا- ئانىسى يوق، يېتىم، گاس، تىلى ئاجىز ئامانگۈل تۇرسۇن يالغۇزلۇق ھېس قىلمىدى.



ناھىيىنىڭ ھاكىمى كامىل ئابدۇللا دېھقانلارغا ئۆت ئاپىتىدىن ساقلىنىش توغرىسىدا تەربىيە بەرمەكتە.



كادىرلار يەر تەۋرەش ئاپىتىدە ئائىلىسىدە ئۈچ كىشى قازا قىلغان سۇلتان يۈسۈپنىڭ ھال سورىدى.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، قوراللىق ساقچى قىسىم، دوختۇرخانىلار دەرھال 1500 دىن ئارتۇق كوماندىر- جەڭچى، دوختۇر- سېستىرانى ئاپەت رايونىغا ياردەمگە ئەۋەتىپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى جان پىدالىق بىلەن ئىشلىدى.

ۋىلايەت، ناھىيە ۋە يېزا- بازارلارنىڭ رەھبەرلىرى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈش، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى جىددىي، تەرتىپلىك ئىشلەپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا پارتىيىنىڭ مېھىر- شەپقىتىنى يەتكۈزدى. ھازىر بۇ ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلق بىر تەرەپتىن ئۆز- ئۆزىنى قۇتقۇزۇش، يۇرت ماكانىنى قايتا قۇرۇش، بىر تەرەپتىن يۇرسەتنى تۇتۇپ ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىش خىزمەتلىرىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرماقتا.

بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ئۆز مۇخبىرلىرىمىز **ئابدۇللا ئابدۇرېشىت، ۋاڭ يىگجىي** تارتقان.
بەتنى **ياددىكار ئابدۇراخمان** لايىھەلىگەن.



كەنت ئاھالىلەر كومىتېتلىرى يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولغان خەۋەرلىشىش، رادىئو مۇئەسسەسىلىرىنى ۋاقتىدا رېمونت قىلىپ، دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇ ئۇچۇرلاردىن ۋاقتىدا خەۋەر تېپىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.



ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ ئەزاسى مىرزاي دوستمۇھەممەت (ئوتتۇردىكى كىشى) دېھقانلارنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىش ئەھۋالىنى ئۇقۇشماقتا.



دېھقانلار كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ غېمىنى يەپ، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە بېرىلگەن چېدىرنى باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە ئاپىرىپ بېرىپ، باللارنىڭ بىخەتەر ئوقۇشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەردى.



يەر تەۋرىگەندە يارىلانغانلار بىزا، ناھىيە دوختۇرخانىلىرىغا ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلدى. دوختۇرخانىلار ئەڭ ياخشى دوختۇرلارنى تەشكىللەپ، يارىدارلارنى ھەقسىز داۋالىدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى، ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. تېلېفون باش ئاپپاراتى: 5818200، ئېلان بۆلۈمى: 5850783، تارقىتىش بۆلۈمى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028، پوچتا نومۇرى: 830051، گېزىتنىڭ ئايلىق باھاسى: 7 يۈەن 50 پۇڭ، پارچە باھاسى: 25 پۇڭ (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)

